# مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئەسىرىدىن» چىرايلىرى قول-پۇتلىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ» كىمىكى سىلەردىن ئۇ نۇرنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە راۋى بۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ ئىككى قولىنى مۈرىسىگە يېقىن بىر يەرگىچە يۇدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى پاقالچىقىغا يېقىن بىر يەرگىچە يۇدى، ئاندىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېدى: مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئەسىرىدىن چىرايلىرى قول-پۇتلىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ. «كىمىكى سىلەردىن ئۇ نۇرلىرىنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن» دېدى يەنە بىر ئىبارىدە: مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: قىيامەت كۈنى مۆمىنىنىڭ زىينىتى تاھارەتنى قەيەرگىچە ئالغان بولسا شۇ يەرگىچە بولىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئەسىرىدىن چىرايلىرى قول-پۇتلىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ. كىمىكى سىلەردىن ئۇ نۇرنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە راۋى بۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ ئىككى قولىنى مۈرىسىگە يېقىن بىر يەرگىچە يۇدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى پاقالچىقىغا يېقىن بىر يەرگىچە يۇدى، ئاندىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دېدى: مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئەسىرىدىن چىرايلىرى قول-پۇتلىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ. «كىمىكى سىلەردىن ئۇ نۇرلىرىنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن» دېدى يەنە بىر ئىبارىدە: مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: قىيامەت كۈنى مۆئمىنىنىڭ زىينىتى تاھارەتنى قەيەرگىچە ئالغان بولسا شۇ يەرگىچە بولىدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [مۇسلىم بۇ ھەدىسنى ئىككى ئىسنادتا رىۋايەت قىلغان - ھەدىسنى [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈممىتىنى پۈتۈن ئۈممەتلەر ئىچىدىن قىيامەت كۈنىدە ئالاھىدە بەلگە ۋە شەرەپ بىلەن خاس قىلغانلىقىدىن خۇش بىشارەت بېرىدۇ، ئۇ كۈندە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى بارلىق ئۈممەتلەر ئارىسىدىن چىرايلىرى، پۇت-قوللىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ساۋابقا ئېرىشىش مەقسىتىدە، ئۇلۇغ ئىبادەت تاھارەتنى كۆپ ئېلىپ، بۇ ئەزەلارنى كۆپ يۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە شەرەپلىك بولغان. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كىمىكى ئۇ نۇرلارنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن، دېگەن. تاھارەت ئالغاندا يۇيىدىغان ئەزالارنى كېڭەيتىپ يۇيسا قىيامەت كۈنىدىكى نۇرىمۇ كېڭىيىدۇ، چۈنكى ئۇ نۇر تاھارەت سۈيى يەتكەن يەرگىچە ئۇزۇن بولىدۇ. ئەمما شەرئەت كۆرسەتكەن يۇيۇش، ئىككى قولنى جەينەككىچە ياكى جەينەكتىن ئازراق ئاشۇرۇپ يۇيۇش، ئىككى پۇتنى ئۇشۇققىچە ياكى پاقالچاقتىن بىر ئاز يۇيۇش مانا بۇ شەرئەت كۆرسەتكەن چەك، لېكىن پاقالچاق ياكى جەينەك ئۈستىنى يۇيۇشنى شەرئەت يولغا قويمىغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3368

ALNAJAT CHARITY النجاة الخيرية

لجنة الدعوة الإلكترونية EDC E-Da'wah Committee